## 13206 ـ هەدىيس

### سۇئال

نىمە ئۈچۈن پەيغەمبەرنىڭ سۆزلىرى (ئاللاھنىڭ تەربىلىشى ۋە ئامانلىق ئۈنىڭغا بولسۇن ) دەلىل سۈپىتىدە قارىلىدۇ ؟

### تەپسىلى جاۋاپ

مەدھىيە ئاللاھقا بولسۇن .

هەدىيس بولسا ئاللاھنىڭ ئەلچىسىدىن(ئاللاھنىڭ تەربىلىشى ۋە ئامانلىق ئۈنىڭغا بولسۇن )نەقىل قىلىنغان سۆزلەر، هەركەتلەر، سۈپەتلەر ۋە ئىتراپ قىلىنغان نەرسىلەردۇر .

هەدىيس بىر بولسا قۇرئاندا تىلغا ئېلىنغان نەرسىلەرنى راستلايدۇ ، مەسىلەن ، ناماز ، زاكات قاتارلىقلار ، بىر بولسا قۇرئاندا تىلغا ئېلىنغان نەرسىلەرگە ئومۇمى جەھەتتىن تەپسىلات بىرىدۇ ، مەسىلەن ، هەر بىر نامازدىكى رەكئەت سانى، زاكات بىرىشنىڭ بوسۇغىسى(باشلىنىش نۇقتىسى) ، هەجنىڭ تەپسىلاتى قاتارلىقلار . ئۇ يەنە قۇرئاندا تىلغا ئېلىنمىغان بەلگىلىمىلەرنى چۈشەندۈرىدۇ ، مەسىلەن ، بىر ئايالنى هاممىسى بىلەن بىرگە نىكاھىغا ئېلىشنى چەكلەش .

ئاللاھ قۇرئاننى ئەلچىسى مۇھەممەدكە(ئاللاھنىڭ تەربىلىشى ۋە ئامانلىق ئۈنىڭغا بولسۇن ) چۈشۈردى هەمدە ئۇنى كىشىلەرگە چۈشەندۈرۈشكە بۇيرىدى ، ئۇ ئېيىتقاندەك :

، بىز ساڭا قۇرئاننى ئىنسانلارغا چۈشۈرۈلگەن شەرىئەتنى بايان قىلىپ بەرسۇن، ئۇلار (بۇ قۇرئاننى) پىكىر قىلىپ (ئۈنىڭدىن ۋەز ـ نەسىھەت ئالسۇن) دەپ نازىل قىلدۇۋق .

[ هەسەلھەرىسى 16: 44 ]

پەيغەمبەرنىڭ هەدىيسى(ئاللاھنىڭ تەربىلىشى ۋە ئامانلىق ئۈنىڭغا بولسۇن )ئۈنىڭ پەرۋەردىگارىدىن كەلگەن ئىلھام(ۋەھيي) .

ئاللاھ دەيدۇ :

سىلەرنىڭ هەمراھىڭلار (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) گۇمراھ بولمىدى ۋە يولدىن ئاداشمىدى (2). (ئۇ) ئ�ز نەپسى خاھىشى بويىچە س�زلىمەيدۇ (3). پەقەت ئۈنىڭغا نازىل قىلىنغان ۋەھيىنىلا س�زلەيدۇ . [ يۇلتۇز 53 :2-4 ]

ئاللاھ ئەلچىسى مۇھەممەدنى(ئاللاھنىڭ تەربىلىشى ۋە ئامانلىق ئۈنىڭغا بولسۇن) ئىنسانلارنى پەقەت ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىشقا ، ئۈنىڭدىن بۆلەك هەرقانداق تەڭرىگە ئىشەنمەسلىككە چاقىرىش ، هەمدە جەننەتنىڭ خۇش ـ خەۋەرلىرىنى بىرىش ، دوزاختىن ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن ئەۋەتتى :

ئى پەيغەمبەر! سىنى بىز هەقىقەتەن گۇۋاھچى، بىشارەتچى، ئاگاھلاندۇرغۇچى، الله نىڭ ئىزنى بىلەن ئۇنىڭ (بىرلىكىگە، تائەت ـ ئىبادىتىگە) دەۋەت قىلغۇچى ۋە نۇرلۇق چىراق قىلىپ ئەۋەتتۇق . [ قوشۇنلار(ئەھزاب) 33 : 45-46 ]

پەيغەمبەر(ئاللاھنىڭ تەربىلىشى ۋە ئامانلىق ئۈنىڭغا بولسۇن) بۇ ئۇممەتكە ناھايىتى كۆڭۈل بۆلەتتى ، ئۇ هەرقانداق ياخشى نەرسىنى بىلسىلا ئۇنى ئۇلارغا دەيتتى ، هەمدە ئۇ هەرقانداق ناچار نەرسىنى بىلسىلا ئۇلارنى ئۇنىڭدىن ئاگاھلاندۇراتتى :

(ئى ئىنسانلار!) شۈبھىسىزكى، سىلەرگە ئ�زـ ئاراڭلاردىن پەيغەمبەر كەلدى. سىلەرنىڭ كۈلپەت چېكىشىڭلار ئۇنىڭغا ئېغىر تۇيۇلىدۇ؛ ئۇ سىلەرنىڭ (ھىدايەت تېپىشىڭلارغا) ھېرىستۇر، م�مىنلەرگە ئامراقتۇر، ناھايىتى ك�يۈمچاندۇر . [ تەۋبە 9 : 128 ]

ھەربىر پەيغەمبەر پەقەت ئۆزىنىڭ خەلقىگىلا ئەۋەتىلگەن ، بىراق ئاللاھ ئەلچىسى مۇھەممەدنى (ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن)بارلىق ئىنسانلارغا ئەۋەتتى :

(ئى مۇھەممەد!) سېنى بىز پۈتۈن ئەھلى جاھان ئۈچۈن پەقەت رەھىم ـشەپقەت سۈپىتىدە ئەۋەتتۇق. [ پەيغەمبەرلەر 21 : 107 ]

پەيغەمبەر (ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن)پەرۋەردىگارىدىن ئۇنىڭغا چۈشكەن ئىلھامنى يەتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن ، ئۇنىڭغا بويسۇنۇش لازىمدۇر . ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭغا بويسۇنۇش ئاللاھقا بويسۇنۇش :

كىمكى پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىدىكەن، ئۇ الله غا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ ،..

[ ئاياللار 4 : 80 ]

ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسىگە بويسۇنۇش نىجاتلىق ۋە غەلبە قىلىشنىڭ ، ھەمدە بۇدۇنيا ۋە ئۇدۇنيادا بەخىت تېپىشنىڭ يولى :

كىمكى الله غا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلسا زور مۇۋەپپەقىيەت قازانغانبولىدۇ.

[ قوشۇنلار 33 : 71 ]

شۇڭلاشقا بارلىق كىشىلەر ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسىگە بوۋسۇنىشى كىرەك ، چۈنكى ئۇلارنىڭ مۇۋەپپىقىيىتى ۋە نىجاتلىقى ئۇنىڭدىدۇر :

سىلەرگە رەھىمـشەپقەت قىلىنىشى ئۈچۈن، الله غا ۋە پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىڭلار.

[ ئىمران ئائىلىسى 3 : 132 ]

كىمكى ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسىگە ئىتائەتسىزلىك قىلىدىكەن ، پەقەت ئۆزىگىلا زىيان يەتكۈزىدۇ . ئۇ ئاللاھقا قىلچىلىك زىيان زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ :

كىمكى الله غا ۋە پەيغەمبىرىگە ئاسىيلىق قىلىپ، الله نىڭ قانۇنلىرىنىڭ سىرتىغا چىقىپ كېتىدىكەن، الله ئۇنى دوزاخقا كىرگۈزىدۇ، ئۇ دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ خورلىغۇچى ئازابقا دۇچار بولىدۇ . [ ئايالالار4 : 14 ]

ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسى بىر ئىشنى قارار قىلغان بولسا ، ھىچكىمنىڭ ئۇ توغىرىسىدا تاللاش ھوقۇقى ياكى قارشى تۇرۇش ھوقۇقى يوق ؛ بەلكى ھەقىقەتكە بويسۇنۇشى ۋە ئىشىنىشى كىرەك :

الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىرەر ئىشتا ھ�كۈم چىقارغان چاغدا، ئەرـ ئايال م�مىنلەرنىڭ ئ�ز ئىشىدا ئىختىيارلىقى بولمايدۇ (يەنى الله ۋە الله نىڭ پەيغەمبىرى بىرەر ئىشتا ھ�كۈم چىقارغان ئىكەن، ھېچ ئادەمنىڭ ئۇنىڭغا مۇخالىپەتچىلىك قىلىشىغا بولمايدۇ)، كىمكى الله غا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئاسىيلىق قىلسا، ھەقىقەتەن ئۇ ئوپوچۇق ئازغان بولىدۇ.

[ قوشۇنلار 33 : 36 ]

بىر ئادەمنىڭ ئىيمانى تاكى ئاللاھنى ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسىنى سۆيمىگىچە مۇكەممەل بولمايدۇ ، سۆيۈش بويسۇنۇشنى بىلدۈرىدۇ . كىمكى ئاللاھنىڭ ئۇنى سۆيۈشىنى ھەمدە ئۇنىڭ گۇناھىنى كەچۈرىشىنى ئويلايدىكەن ئاللاھنىڭ ئەلچىسىگە (ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن) ئەگىشىشى كىرەك :

« (ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى ئەگەر سىلەر الله نى سۆيسەڭلار، ماڭا ئەگىشىڭلاركى، الله سىلەرنىسۆيىدۇ، (ئ�تكەنكى) گۇناھىڭلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ. الله ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر . [ ئىمران ئائىلىسى 3 : 31 ]

ئاللاھنىڭ ئەلچىسىنى (ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن) سۆيۈش نوقۇل تەكرارلىنىدىغان سۆز ئەمەس بەلكى ئۇ ئەقىدە ۋە ھەركەتتۇر ، يەنى ئۇ بۇيرىغانغا بويسۇنۇش ، بىزگە ئېيتقان نەرسىگە ئىشىنىش ، ئۇ چەكلىگەن نەرسىدىن ساقلىنىش ، ھەمدە ئۇ بەلگىلىگەندىن باشقا ھەرقانداق ئۇسۇلدا ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشتىن ساقلىنىش .

ئاللاھ بۇ دىننى مۇكەممەللەشتۈرۈپ ، ھەمدە ئاللاھ ئەلچىسى پەرۋەردىگارىنىڭ ئەلچىلىكىنى يەتكۈزۈپ بولغاندا ، ئاللاھ ئۇنى ئۆزىنىڭ ھوزۇرىغا ئېلىپ كەتتى. ئاللاھ ئەلچىسى (ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن) بۇ ئۈممەتكە ھېچقانداق مۇجمەللىك بولمىغان ئېنىق دەلىلەرنى قالدۇردى . كىمكى ئۇنىڭدىن بۇرۇلۇپ كېتىدىكەن ، پەقەت ھالاك بولىدۇ :

كاپىرلار بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلار (نى يوقىتىش) دىن ئۈمىدىنى ئۈزدى، ئۇلار دىن قورقماڭلار، مەندىن قورقۇڭلار. بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى پۈتۈن قىلدىم، سىلەرگە نېمىتىمنى تاماملىدىم، ئىسلام دىنىنى سىلەرنىڭ دىنىڭلار بولۇشقا تاللىدىم ...

[ داستىخان 5 : 3 ]

ئاللاھنىڭ پەزلى_كەرىمى بىلەن ، ساھابىلەر ( ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن ) پەيغەمبەرنىڭ (ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن) ھەدىسلىرىنى قوغدىدى ، ئاندىن ئۇلاردىن كېيىن كەلگەن توغرا يوللۇق پىشقەدەملەر (سەلەف سالىھلار) ئۇلارنى كىتاپ قىلىپ تۈزدى ، ئۇلار سەھىيھلەر، سۈنەن ، ۋە مۇسنەد دىگەنناملار بىلەن تونۇلدى . ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ ساغلاملىرى بولسا سەھىيھۇل بۇخارىي ، سەھىيھۇل مۇسلىم ، تۆت سۈنەنلەر ، ئىمام ئەھمەتنىڭ مۇسنىدى ۋە ئىمام مالىكنىڭ مۇۋەتتەءسى قاتارلىقلار .

ئاللاھ بۇ دىننى مۇكەممەل قىلىپ بولدى . ئاللاھ ئەلچىسى(ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن)ھەرقانداق ياخشى نەرسىنى بىلسىلا ئۇنى ئۈممەتىگە ئۆگەتتى ، ھەمدە ئۇ ھەرقانداق ناچار نەرسىنى بىلسىلا ئۇلارنى ئۇنىڭدىن ئاگاھلاندۇردى . شۇڭا كىمكى دىنغا ھەر قانداق يېڭى نەرسىنى(بىدئەتنى) ياكى خۇراپاتلارنى ، مەسىلەن ، ئۆلۈكلەردىن تىلەش ،ئۇلارنىڭ قەبرىلىرىنى ئايلىنىش(تاۋاپ قىلىش) ، ياكى جىن ۋە ئەۋلىيالارغا دۇئا قىلىش(تىلەش)، ۋە باشقا ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسى بۇيرىمىغان نەرسىلەرنى ئېلىپ كىرىدىكەن ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى رەت قىلىنىدۇ ، قوبۇل قىلىنمايدۇ ، پەيغەمبەر(ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن) ئېيتقاندەك : كىمكى بۇ ئىشىمىزدا(ئىسلامدا)ئۇنىڭ بىر قىسمى بولمىغان بىر نەرسىنى يېڭىدىن شەكىللەندۈرىدىكەن ، ئۇ رەت قىلىنىدۇ . ( مۇسلىم نەقىل قىلغان ، 1718 )

پىشىۋا مۇھەممەت بىن ئىبراھىيم تۇۋەيجىرىينىڭ [ ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسلىرى ] كىتابىدىن ئېلىندى .